# القوة والشجاعة

# قۇۋۋەت ۋە شىجائەت

شەيخ مەھمۇد مىسرىي

تەرجىمە قىلغۇچى: زەكەرىييا



ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# القوة والشجاعة

# قۇۋۋەت ۋە شجائەت

شەيخ مەھمۇد مسرىي

تەرجمە قلغۇچى: زەكەرييا

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى


بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە.......................................... 4
شىجائەت پەزىلەتلەرنىڭ تۈرلىرى .......................... 7
رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شىجائەتلىكىدۇر ............ 8
رەسۇلۇللاھ ﷺ دە 4 مىڭ ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بار................ 9
(پالتا ئۆتمىگىدەك دەرىجىدىكى) قاتتىق يەرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ
بىر ئۇرۇپ پارچىلىۋېتىشى................................. 10
رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ شىجائىتى ................ 12
ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى.......... 12
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى ........ 14
ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى...... 15
تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى ..... 19
زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى ........ 22
سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى... 24
سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ بەدر كۈنىدىكى
تارىخىي جاسارىتى ....................................... 24
ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى ................ 27
الله نىڭ يولۋىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ
شىجائىتى ............................................. 28
جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى .... 29
ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى ...... 30
ئۆلۈم سەللىسى ئورىغان ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ......... 31
بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى............ 31
الله نىڭ سۇغۇرۇلغان قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ
.................................................... 34

ئەبۇ مىھجەن سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە قادىسىيە جېڭى.....35
مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقىنى قۇچاقلىغان ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.................39
ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇئۆلۈمگە بەيئەت ئالدۇ.............41
مىڭ چەۋەندازغا تېتىيدىغان تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.........................43
ئەبۇ غادىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تال ئوق بىلەن 300 رۇم ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۇ.................................49
مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوئىلدا 100 ئادەمنى ئۆلتۈردى ......................................50
ئاياللار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تۇغۇپ باقمىغان ــ بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ ......................................53
شۇنداق بىر مۇسۇلمان ئايال بولغان ئىدى..............55
مۇئاز ئىبنى ئەمىر ۋە مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ شىجائىتى.................................56

# مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللہ قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللہ قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللہ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللہ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللہ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللہ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللہ قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار»[1].

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللہ تىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. اللہ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[2].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 102- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 1- ئايەت.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا۞ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا۞﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار [70]. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ [71]»[1].

مەقسەتكە كەلسەك، قەدىرلىك قېرىنداشىم! شىجائەت پەزىلەتلەرنىڭ تۈۋرۈكىدۇر، ئۇ قارامىلىق بىلەن قورقۇنچاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، الله قا ياخشى گۇمان قىلىش ۋە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر چۈنكى شىجائەتنىڭ ئەسلىنى الله قا بولغان ئىمان ۋە سەۋر كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىجائەت، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ۋە مەردلىك پەزىلەتلەرنىڭ ئەسلى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم باللىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيا جەھەتتە ياخشى بولۇشى پەقەت شىجائەت ۋە سېخىيلىق بىلەن مۇكەممەللەشكەنلىكى ئۈچۈن، جىھادنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق الله تائالادىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنىڭ ئورنىغا الله تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان باشقا قەۋمنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2].

---

[1] سۈرە ئەھزاب 70 ـ ۋە 71 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە 39 ـ ئايەت.

شۇنىڭدەك، خەير-ئېھساننى تەرك ئېتىش ئارقىلىق الله تائالادىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنىڭ ئورنىغىمۇ الله تائالا ئۆز يولىدا خەير-ئېھسان قىلىدىغان باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَا أَنْتُمْ هَؤُلَاءِ تُدْعَوْنَ لِتُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَمِنْكُمْ مَنْ يَبْخَلُ وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَفْسِهِ وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾ «سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ. الله (سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (الله قا) موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (الله نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى الله قا ئىتائەت قىلىدۇ)»[1].

الله تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا شىجائەت ۋە سېخىيلىق بىلەن ياخشىلىققا ئىلگىرىلەپ كەتكۈچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ أَلَّا تُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «سىلەر نېمىشقا الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلمايسىلەر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى الله قا خاستۇر. سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار بىلەن (رەسۇلۇللاھ

[1] سۈرە مۇھەممەد 38- ئايەت.

بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[1].

كېلىڭلار! رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ باتۇرلۇق سەھىپىلىرى بىلەن بىرگە ياشايلى. ئۈمىدكى، الله تائالا بىزلەرگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى رىزىق قىلىپ بېرىپ، بىزلەرنى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جامائىتى قاتارىدىن قىلسا ئەجەب ئەمەس.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنىچ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن.

## شىجائەت پەزىلەتلەرنىڭ تۈۋرۈكىدۇر

ئەبشەيھى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، شىجائەت پەزىلەتلەرنىڭ تۈۋرۈكىدۇر». قانداق بىر كىشى بۇ پەزىلەتتىن مەھرۇم قالسا، ئۇنىڭدا سەۋر ۋە روھىي قۇۋۋەتتىن ئىبارەت پەزىلەت مۇكەممەل بولمايدۇ. دانىشمەنلەرمۇنداق دېگەن: «بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ئەسلىسى قەلبنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىغا باغلىقتۇر»[2]. ئەمما شىجائەت، سەۋر ۋە سېخىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە كەلسەك، بۇ سۈپەتلەر بەزى چاغلاردا (بىر كىشىدە) جەم بولىدۇ،

---

[1] سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەت.

[2] «المستطرف» 1 ـ توم 310 ـ بەت.

يەنە بەزى چاغلاردا شارائىت سەۋەبىدىن ئايرىم ھالەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.

كەفەۋى مۇنداق دەيدۇ: «سېخىيلىق ئەگەر مال بىلەن بولسا مەردلىك دېيىلىدۇ، ئەگەر قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ زىيان سېلىشتىن قولىنى تارتىش بىلەن بولسا، بۇ ئەپۇچانلىق دېيىلىدۇ؛ ئەگەر جاندىن كېچىش ئارقىلىق بولغان بولسا، ئۇ شىجائەت دېيىلىدۇ...» ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: «جەڭدە سەۋرچان بولۇش شىجائەتتۇر، بىھۇدە نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىش بولسا قانائەتتۇر».[1]

## رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شىجائەتلىكىدۇر

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ أحسن الناس وأشجع الناس وأجود الناس ولقد فزع أهل المدينة فكان النبي ﷺ سبقهم على فرس... وقال: ‹وجدناه بحرا›» «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ باتۇرى ۋە ئەڭ سېخىيسى ئىدى. بىر كۈنى مەدىنە ئەھلى (قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن) چۆچۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ (ئاۋاز چىققان تەرەپكە) كىشىلەردىن بۇرۇن ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، قايتىپ كەلدى ۋە ‹بۇ ئات بەك تېز چاپىدىكەن› دېدى».[2]

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇ ئۇمارە! ھۇنەين غازىتىدا ھەممىڭلار قاچقانمىدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قاچمىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇسۇلمانلار سېپىدىن يۈكى يەڭگىل ۋە ساۋۇت-دۇبۇلغىسىز كىشىلەر ھەۋازىن قوشۇنىنىڭ بىر

[1] كەفەۋىنىڭ «الكليات»ناملىق كىتابى 65- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قانىتىغا قاراپ ئالدىراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ھالبۇكى، دۈشمەنىنىڭ ئۇ قانىتىغا ئوقياچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. دۈشمەن ئوقچىلىرى خۇددى چېكەتكە توپىدەك ھۇجۇم قىلىپ مۇسۇلمانلارغا ئوق ياغدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار سىپى بۆلۈنۈپ كەتتى. (بۇنى پۇرسەت بىلگەن) دۈشمەنلەر پەيغەمبەر ﷺ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى هارىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېچىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ يەرگە چۈشۈپ دۇئا قىلدى ۋە الله تىن نۇسرەت تىلەپ مۇنداق دېدى:

«مەن الله نىڭ رەسۇلى،

ئابدۇلمۇتەللىب پۇشتىمەن.

بىزگە ياردەم بەر الله ،

سەندىن غەلبە تىلەيمەن».

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇرۇش بەك قاتتىق بولغاندا بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن قوغدىناتتۇق. ئارىمىزدىكى ئەڭ شىجائەتلىكلەرلا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە تۇرۇپ جەڭ قىلالايتتى».[①]

## رەسۇلۇللاھ ﷺ دە 4 مىڭ ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بار

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يطوف على نسائه، في ليلة واحدة وله تسع نسوة» «پەيغەمبەر ﷺ توققۇز ئايالىنى بىر كېچىدە ئايلىنىپ چىقاتتى».[②]

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] بۇخارى توپلىغان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر كېچىدە 11 ئايالىنى ئايلىنىپ چىقاتتى» دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭدىن: «پەيغەمبەر ﷺ شۇنىڭغا قادىر بولالامتى؟» دەپ سورىسام، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز: <پەيغەمبەر ﷺ دە 30 كىشىنىڭ قۇۋۋىتى بار> دېيىشەتتۇق» دېدى. يەنە بىر نەقىلدە: «40 كىشىنىڭ قۇۋۋىتى بار دېيىشەتتۇق» دېيىلگەن.[1]

هافىز ئىبنى ھەجەر «الفتح» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ نۇئەيمنىڭ <جەننەتنىڭ سۈپىتى> ناملىق كىتابىدا مۇجاھىدتىن يۇقىرىقىدەك نەقىل قىلىنغان بولۇپ ئەمما <جەننەت ئەھلىنىڭ ئەرلىرىدىن> دېگەن سۆز زىيادە كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە: ‹إن الرجل من أهل الجنة ليعطى قوة مائة رجل في الأكل والشرب والجماع والشهوة› <جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئەر كىشىگە يېيىش، ئىچىش، جىما ۋە شەھۋەت ئۈچۈن يۈز ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ> دەپ كەلگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇۋۋىتى 4 مىڭ ئەرنىڭ قۇۋۋىتىگە باراۋەردۇر».[2]

## (پالتا ئۆتمىگىدەك دەرىجىدىكى) قاتتىق يەرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر ئۇرۇپ پارچىلىۋېتىشى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «إنا يوم الخندق نحفر، فعرضت كدية شديدة، فجاءوا النبي ﷺ فقالوا: هذه كدية عرضت في الخندق، فقال: ‹أنا نازل›. ثم قام وبطنه معصوب بحجر، ولبثنا ثلاثة أيام لا نذوق ذواقا، فأخذ النبي

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «فتح البارى» 1 ـ توم 450 ـ بەت.

ﷺ المعول فضرب، فعاد كثيبا أهيل، أو أهيم» «بىز خەندەك غازىتى كۈنى خەندەك كولاۋېتىپ، (مىتىن ئۆتمىگىدەك دەرىجىدىكى) قاتتىق يەرگە دۈچ كېلىپ قالدۇق ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ئەھۋالنى ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ﷺ: ‹مەن چۈشەي› دەپ ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ئىدى. بىز ئۈچ كۈندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىگەن ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ مىتىن (يەنى جوتۇ)نى ئېلىپ چاپقانىدى، ھېلىقى قاتتىق يەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چېپىشى بىلەن قۇمدەك يۇمشاپ كەتتى».[1]

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: [ئەھمەد ۋە نەسائى ھەسەن ئىسناد بىلەن توپلىغان ھەدىستە بۇ قىسسە زىيادە بايان قىلىنغان بولۇپ، بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «لما كان حين أمرنا رسول الله ﷺ بحفر الخندق عرضت لنا صخرة لا تأخذ فيها المعاول، فاشتكيت ذلك للنبي ﷺ فجاء فأخذ المعول فقال : ‹بسم الله›، فضرب ضربة فكسر ثلثها وقال : ‹الله أكبر، أعطيت مفاتيح الشام، والله إني لأبصر قصورها الحمر الساعة›، ثم ضرب الثانية فقطع الثلث الآخر فقال : ‹الله أكبر أعطيت مفاتيح فارس فأرسل والله إني لأبصر قصر المدائن أبيض›، ثم ضرب الثالثة وقال: ‹بسم الله› فقطع بقية الحجر فقال: ‹الله أكبر أعطيت مفاتيح اليمن والله إني لأبصر أبواب صنعاء من مكاني هذا الساعة›» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى خەندەك كولاشقا بۇيرۇغان چاغدا، مىتىن (يەنى جوتۇ)مۇ كار قىلمايدىغان چوڭ بىر قورام تاش خەندەك ئىچىدە ئالدىمىزنى توستى. بىز بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خەۋەر قىلغانىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ قولىغا مىتىننى ئالدى-دە، ‹بىسمىللاھ› دەپ قاتتىق بىر ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرى ئاجرىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئاللاھۇ ئەكبەر! ماڭا شام زېمىنلىرىنىڭ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ تاپتا شامنىڭ قىزىل سارايلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن> دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مېتىننى كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئۇرغانىدى، يەنە ئۈچتىن بىرى ئاجرىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: <ئاللاھۇ ئەكبەر! ماڭا پارس زېمىنلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ تاپتا پارس خان ئوردىسىنىڭ ئاق سارايلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن> دېدى. ئاندىن يەنە <بىسمىللاھ> دەپ ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغانىدى، تاشنىڭ قالغان قىسمى ئاجراپ چىقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ چاغدا: <ئاللاھۇ ئەكبەر! ماڭا يەمەن زېمىنلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ھازىر مۇشۇ خەندەك ئىچىدە تۇرۇپ سەنئا شەھەر دەرۋازىلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن> دېدى].

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ شىجائىتى

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى شىجائەت ئەخلاقلىرىنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ﷺ دىن تەلىم ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شىجائەتلىكلىرى ئىدى.

## ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بينما رسول اللَّه ﷺ يصلي بفناء الكعبة، إذ أقبل عقبة بن أبي معيط فأخذ بمنكب رسول اللَّه ﷺ، فلف ثوبه في عنقه فخنقه خنقا شديدا، فأقبل أبو بكر حتى أخذ بمنكبه ودفعه عن رسول اللَّه ﷺ، وقال: ﴿أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَنْ يَقُولَ رَبِّيَ اللَّهُ وَقَدْ جَاءَكُمْ بِالْبَيِّنَاتِ مِنْ رَبِّكُمْ﴾»

[رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كىيىمىنى بوينىغا يۆگەپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قاتتىق بوغدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئۇقبەنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «سىلەر <رەببىم الله> دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلگەن تۇرسا؟!»[①]. [②]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەڭ شىجائەتلىك كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار؟» دېگەندى، كىشىلەر: «سەن ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن يەكمۇ-يەك ئېلىشقاندا ھەرقانداق كىشىنى يەڭگەنمەن لېكىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ شىجائەتلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار؟» دېگەندى، ئۇلار: «بىلمەيمىز ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ بولسا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىز بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بىر كەپە ياسىدۇق ھەمدە: <مۇشرىكلاردىن بىرەرسى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن كىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرىدۇ؟> دېيىشتۇق. الله بىلەن قەسەمكى، پەقەت ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېقىن تۇردى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بىرەرسى ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. مانا بۇ ئەبۇبەكرى كىشىلەرنىڭ ئەڭ شىجائەتلىكىدۇر» دېدى.

① سۈرە غافىر 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② بۇخارى توپلىغان.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۇھۇد كۈنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداپ ئۇنىڭ يېنىدا تاغدەك مۇستەھكەم تۇرغانىدى.

ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندان قىلىپ بەنى فەزارە قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بىر سۇ بويىغا چۈشۈپ، ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى.

تەبۇك غازىتىنىڭ قىيىنچىلىق سائەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا ئىدى.

ھۇنەين غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلار ئۆز سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكى ھېچنىمىگە ئەسقاتمىدى. مۇسۇلمانلار الله نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ۋادى ئىچىگە قۇرغان پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قىلىپ ئارقىغا قېچىشقا باشلىدى، شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىدا مۇستەھكەم تۇرغانلارنىڭ تۇنجىسى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى».[①]

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقىسىدىن ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچ سالغان ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ:

① «زاد المعاد» 3 ـ توم 489 ـ بەت.

«مەن مۇھاجىرلاردىن بىرەر كىشىنىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابتەك ئاشكارا ھالەتتە ھىجرەت قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۆمەر ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا قىلىچىنى ئېسىپ، ياچىقىنى ۋە ئوقيالىرىنى قولىدا تۇتۇپ، نەيزىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، كەئبىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرى كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئۆمەر بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تەمكىن ھالەتتە تاۋاپ قىلدى، ماقامى ئىبراھىمغا كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ھەربىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹الله تائالا يۈزلىرىڭلارنى خار قىلىۋەتسۇن، بۇرنۇڭلارنى توپىغا مىلىۋەتسۇن! كىمكى ئانىسىنى يىغلىتىشنى، بالىسىنى يېتىم قالدۇرۇشنى ۋە ئايالىنى تۇل قالدۇرۇشنى خالىسا، مۇشۇ جىلغىنىڭ ئارقىسىدا مىنى ساقلىسۇن› دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا پەقەت الله تائالا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئاجىز بىر تۈركۈم كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ئەگەشمىدى، ئۆمەر يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەردى». [1]

## ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ ھىجرەت قىلىدىغان ئاخشىمى ئۇ مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئورنىدا يېتىشى ئۇنىڭ شىجائىتى ھەققىدىكى بايانىمىزغا يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ شىجائىتى خەندەك غازىتىدا قۇرەيش چەۋەندازى ئەمىر ئىبنى

[1] «أسد الغابة» 4 ـ توم 145 ـ بەت.

ئابدۇۋۇد بىلەن كۈچ سىنىشىشتا ھەم ئىپادىلەنگەن.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد 'قوشۇننىڭ قوچقىرى' دەپ ئاتىلاتتى. بەدر كۈنىدىكى جەڭدە ئۇ ئېغىر يارىلانغانلىقتىن ئۇھۇد جېڭىگە قاتناشمىغان ئىدى، شۇڭا خەندەك كۈنى ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشۈپ: 'كىم مەن بىلەن دۇئىلغا چۈشىدۇ؟' دېدى. ئۇنىڭغا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقتى».

بەيھەقىنىڭ «دلائل النبوة» ناملىق كىتابىدا بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بايان قىلىنغان: ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد دۇبۇلغىسىنى كىيىپ: «كىم مەن بىلەن دۇئىلغا چۈشىدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا مەن تېتاي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەي، ئۇ دېگەن ئەمىر، سەن ئولتۇر» دېدى. ئەمىر يەنە: «مەن بىلەن دۇئىلغا چۈشىدىغان ئەركەك بارمۇ؟ قېنى، 'ئۆلتۈرۈلسەك جەننەتكە كىرىمىز' دەپ دەۋا قىلاتتىڭلارغۇ؟! ماڭا بىرەر ئەركەكنى دۇئىلغا چۈشۈرمەمسىلەر؟!» دەپ مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چىقاي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: «ئولتۇر ئى ئەلى!» دېدى. ئەمىر ئۈچىنچى قېتىم يەنە توۋلىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چىقاي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەنە: «ھەي، ئۇ دېگەن ئەمىر» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەمىر بولسىمۇ مەيلى» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىرنىڭ قېشىغا مېڭىپ بېرىپ: «ئى ئەمىر! سەن: 'بىرەرسى مېنى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىگە چاقىرسا، مەن ئۇنى قوبۇل قىلىمەن' دېگەنمىتىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، ئەمىر: «ھەئە، شۇنداق» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «مەن سېنى <الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى> دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە ۋە ئالەملەرنىڭ رەببىگە تەسلىم بولۇشقا چاقىرىمەن» دېدى. ئەمىر: «ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! ھازىرچە مەندىن بۇنى كۈتمە» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يەنە بىرى، سەن يۇرتۇڭغا قايتىپ كەت. ئەگەر مۇھەممەد ﷺ راستچىل بولسا، سەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختلىكى بولۇپ قالىسەن؛ ئەگەر يالغانچى بولسا، سېنىڭ خالىغىنىڭ بولىدۇ» دېگەنىدى، ئەمىر: «بۇنداق سۆزنى قۇرەيشنىڭ ئاياللىرىمۇ قىلمايدۇ، مەن ئۆزۈم ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلالىشىمغا تاقىتىم يېتىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن كېتىمەن؟ قېنى ئۈچىنچىسىنى ئېيت» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەيدانغا چۈشكىن» دېدى. قۇرەيش چەۋەندازى ئەمىر كۈلۈپ كەتتى. ئەمىر يېشى 80 دىن ھالقىغان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مەشھۇر چەۋەندازلاردىن ئىدى. ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەرەبلەردىن بىرەرسى مېنى مۇنداق چۆچۈتەلەيدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، سەن كىم؟» دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «مەن ئەلى» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمىر: «سەن ئابدۇمەناپنىڭ ئوغلى ئەلىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب» دېدى. ئەمىر: «ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! تاغىلىرىڭدىن ياش جەھەتتە چوڭراقى چىقسۇن. الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن» دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. ئەمىر قاتتىق غەزەپلىنىپ، قىلىچىنى شىددەت بىلەن سۇغۇردى-دە، ئاتتىن چۈشۈپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپكە قاتتىق غەزەپ بىلەن كېلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قالقىنىغا قىلىچ ئۇرغانىدى،

قىلىچ قالقاندىن ئۆتۈپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى ئەمما ئەمىرنىڭ قىلىچى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قالقىنىغا پېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىرنىڭ مۇرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى يىقىتتى. تەكبىر ئاۋازى كۆتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلىدى، خالايىقمۇ ھەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلدى.

خەيبەر فەتھىسىدىكى جەڭدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يەھۇدىيلار چەۋەندازى مەرھەب ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولدى. «سەھىھ مۇسلىم»دا سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ مېنى ئەلىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ۋە: <مەن بايراقنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان ھەمدە الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن> دېدى. مەن ئەلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى سۈرتۈپ قويغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى دەرھال ساقىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ بايراقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، مەرھەب مەيدانغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

خەيبەر ئارا نامىم مەشھۇر پەھلىۋانمەن،
ئىسمىم مەرھەب، ئۆزۈم خەيبەر شاھىدۇرمەن.
قايسى پالۋان ئالسا مەيدان پەرۋايىم يوق،
قىلىچىمنى ئوينىتىپ يەر چىشلىتۇرمەن.

ئەلىمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

ئانام مېنىڭ نامىمنى ئاتاپتۇ ھەيدەر[1]،

ياۋ مەن بىلەن ئېلىشسا يولۋاس ئىكەن دەر.

گەر دۈشمەنگە ئۇچراشسام قىلماسمەن شەپقەت،

ئىت جېنىڭغا بىر قىلىچ. . .ئاللاھۇ ئەكبەر!

دېگىنىچە بىر قىلىچ ئۇرۇپلا مەرھەبنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، خەيبەر ئۇنىڭ قولىدا فەتىھ بولدى.

## تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شجائىتى

ئۇھۇد غازىتىدا ئوقياچىلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، تاغ چوققىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلاردىن 70نى شەھىد قىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئۇ تەرەپكە كەلدى. بىر قىسىم ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى، شۇ يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «لما كان يوم أحد وولى الناس كان رسول الله ﷺ في ناحية في اثني عشر رجلا من الأنصار وفيهم طلحة بن عبيد الله فأدركه المشركون، فالتفت رسول الله ﷺ فقال: ‹من للقوم؟› فقال طلحة: أنا، قال رسول الله ﷺ: ‹كما أنت› فقال رجل من الأنصار: أنا يا رسول الله، فقال: ‹أنت› فقاتل حتى قتل ثم التفت فإذا بالمشركين قال: ‹من للقوم؟› قال طلحة: أنا، قال: ‹كما أنت›، فقال رجل من الأنصار: أنا، فقال: ‹أنت›، فقاتل حتى

[1] ھەيدەر ــــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «شىر» دېگەن مەنىدە.

قتل ثم لم يزل يقول ذلك ويخرج إليهم رجل من الأنصار فيقاتل قتال من قبله حتى يقتل حتى بقي رسول الله ﷺ وطلحة بن عبيد الله، فقال رسول الله ﷺ: ‹من للقوم؟› فقال طلحة: أنا، فقاتل طلحة قتال الأحد عشر حتى ضربت يده فقطعت أصابعه فقال: حس فقال رسول الله ﷺ: ‹لو قلت: بسم الله لرفعتك الملائكة والناس ينظرون› ثم رد الله المشركين» «ئۇھۇد غازىتى كۈنى كىشىلەر پاتپاراق بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئەنسارىلاردىن 12 كىشى قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ بار ئىدى. مۇشرىكلار ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ بىشىنى بۇراپ:

— بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، تەلھە:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن تۇرۇپ تۇر! — دېدى، ئەنسارىلاردىن بىرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چىقاي، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھە، سەن چىق! — دېدى، ئۇ تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ مۇشرىكلارنىڭ يەنە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، تەلھە:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن تۇرۇپ تۇر! — دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى:

— مەن چىقاي، — دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ھە، سەن چىق، — دېدى. ئۇمۇ ھەمراھىدەك تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەردى، ئەنسارىلار بىر-بىرلەپ چىقىپ ئىلگىرىكىلەردەك تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەلھە ئىككىسىلا قالدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ ــ دېگەندى، تەلھە:

ــ مەن، ــ دېدى ۋە ئىلگىرىكى 11 كىشىدەك قاتتىق ئۇرۇشتى. ئاخىرى قولىغا قىلىچ چېپىلىپ، بارماقلىرى كېسىلىپ: <ۋايجان!> دەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بىسمىللاھ دېگەن بولساڭ پەرىشتىلەر سېنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا كۆتۈرگەن بولاتتى، ــ دېدى. كېيىن، الله تائالا مۇشرىكلارنى چېكىندۈردى.①

تەبرانىنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر سەن <بىسمىللاھ> دېگەن بولساڭ، پەرىشتىلەر سېنى ئېلىپ ئۇچقان ۋە خالايىقلار ساڭا قارىشىپ قالغان بولاتتى».

نەسائى ۋە بەيھەقىنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ھەتتاكى پەرىشتىلەر سېنى ئېلىپ ئاسماننىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتەتتى».②

ئەھمەدنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن <بىسمىللاھ> دېگەن بولساڭ، بارماقلىرىڭ سەۋەبلىك ساڭا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنغانلىقىنى دۇنيادا ھايات تۇرۇپ كۆرگەن بولاتتىڭ» دېگەن.

قەيس ئىبنى ھازىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن تەلھەنىڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى چولاق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، تەلھە ئۇ بارماقلىرى بىلەن ئۇھۇدتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مۇداپىئە قىلغان ئىدى، شۇ جەڭدە ئۇنىڭ 35 ياكى 39 يېرى يارىلانغان، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارمىقى كېسىلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ كۈنى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ھەققىدە: ‹من أحب أن ينظر إلى شهيد يمشي على وجه الأرض فلينظر إلى طلحة بن عبيد اللّه› <كىمكى زېمىن يۈزىدە تىرىك مېڭىپ يۈرگەن شەھىدكە

① نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ئىسنادى ياخشى» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قاراپ ئۆزىنى سۆيۈندۈرمەكچى بولسا تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا قارىسۇن> دېگەن ئىدى».[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ھەر قېتىم ئۇھۇد كۈنى تىلغا ئېلىنسا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ كۈننىڭ ھەممىسى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا مەنسۇپ» دەيتتى.[2]

## زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىسىرنى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا ئەسكىرىنىڭ سانى 3500 ئىدى، شۇڭا ئۇ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەت يازدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا 4000 ئادەم ئەۋەتتى. ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، مىقداد ئىبنى ئەسۋەد، ئۇبادە ئىبنى سامىت ۋە مەسلەمە ئىبنى مۇخلىدلارنى شۇ قوشۇنغا باش قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەپ خەت يازدى: «ھەر بىرى 1000 ئادەمگە، يەنى شىجائىتى ۋە باتۇرلۇقى 1000 چەۋەندازغا باراۋەر كېلىدىغان تۆت كىشىنى ئەمىر قىلىپ 4000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتىم» دېدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بابىلۇن قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئېتىغا مىنگەن ھالدا قەلئەنى قورشاپ تۇرغان خەندەكلەرنى كۆرۈپ چىقتى ۋە قوشۇننى خەندەك ئەتراپىغا تارقاقلاشتۇردى. مۇھاسىرە ھەتتا يەتتە ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى. كېيىن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «قەلئەدە ۋابا كېسەلى تارقىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز شۇنداق مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ئۈچۈن كەلگەن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىسبەتەن بۇ قېتىملىق فەتىھ بەك كېچىكىپ كەتكەندەك بىلىندى، شۇڭا زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۆزۈمنى الله قا ئاتايمەن ۋە شۇ ئارقىلىق الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا فەتىھ ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى-دە، شوتا قويۇپ ھەممام بازىرى تەرەپتىكى قورغاننىڭ تېمىغا چىقتى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەكبىر ئاۋازى ئاڭلانسا، قوشۇننىڭ كەينىدىن چىقىشىغا بۇيرۇق قىلدى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورغاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولدى، ھەتتا ئۇلار بۇنى سەزمەيلا قېلىشتى، ئۇ قىلىچ تۇتقان ھالەتتە تەكبىر توۋلىدى. قوشۇن تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلاپلا شوتا تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى ئەمما ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شوتىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى توسۇپ قويدى. رۇملۇقلار مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىلنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ چېكىنىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن قەلئەنىڭ ئىشىكى مۇسۇلمانلارغا ئېچىلدى. بابىلۇن قەلئەسى ۋە مىسىرنىڭ فەتھىسى ئۈچۈن بولغان كەسكىن جەڭلەرمۇ ئاخىرلاشتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقاۋىقىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەمدىن-كەم تېپىلىدىغان

شىجائىتى سەۋەب بولغان ئىدى.

## سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

قادىسىيە جېڭىدە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارس قوشۇنىنىڭ دىجلە دەرياسىدىن كېمىلەر بىلەن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنىڭمۇ كېمىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرياغا ئات بىلەنلا كىرىپ كەتتى، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىرىنى دەرياغا سالدى ۋە دەريانى كېسىپ ئۆتتى. مۇسۇلمانلار دەريادا خۇددى قۇرۇقلۇقتا سۆزلەشكەندەك سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان بۇ شىجائىتىگە قاراڭ!

## سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ بەدر كۈنىدىكى تارىخىي جاسارىتى

مانا بۇ ــــ سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىنىنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى ھەمدە دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارىلىغان ئاجايىپ كاتتا تارىخىي مىنۇتلار...

بەدر كۈنى قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىشى ئويلىمىغان يەردىن ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىنى جەڭگە ئۆزگەرتىپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ قېتىملىق جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى ساھابىلەرنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولۇپ، ساھابىلەرگە مەسلىھەت سېلىپ: «ماڭا مەسلىھەت كۆرسىتىڭلار» دېدى. ئەبۇبەكرى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ جەڭنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۆمەر ۋە مىقداد ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ شۇ مەسلىھەتنى بەردى، بۇ ئۈچەيلەن مۇھاجىرلاردىن بولغان ئۈچ ئەسكىري قوماندان ئىدى لېكىن مۇھاجىرلار قوشۇنىنىڭ ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنسارىلار قوماندانلىرىنىڭ كۆز-قارىشىنى بىلمەكچى بولدى چۈنكى ئۇلار قوشۇننىڭ كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيتتى، يەنە كېلىپ جەڭنىڭ ئېغىر يۈكلىرى ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدە ئىدى ھەمدە ئەقەبە بەيئىتىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۇلارغا مەدىنە سىرتىدىكى جەڭلەرنى يۈكلىيەلمەيتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇھاجىرلاردىن بولغان ئۈچ قوماندانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئەنسارىلارنى مەقسەت قىلغان ھالدا: «ماڭا مەسلىھەت بىرىڭلار» دېدى. ئەنسارىلار رەھبىرى ۋە ئۇلارنىڭ بايراقدارى بولغان سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىمىزنى خالاۋاتقاندەك قىلىسەن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق، سېنى تەستىقلىدۇق، سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدۇ-پەيمان بەردۇق. ئى رەسۇلۇللاھ! ئىرادەڭ بويىچە ئىش قىلغىن، بىز سەن بىلەن بىللە. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى باشلاپ بۇ (قىزىل) دېڭىزغا كىرسەڭ، بىزدىن ھېچكىم باش تارتماي سەن بىلەن بىللە ئۇنىڭغا كىرىمىز. ئەتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ھېچقايسىمىز يامان كۆرمەيمىز. بىز جەڭدە چىداملىق، سادىق

كىشىلەرمىز. بەلكىم الله تائالا ساڭا بىزدىن كۆزۈڭ خۇرسەن بولىدىغان ئىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىزنى الله تائالانىڭ بەرىكىتىگە باشلاپ ماڭغىن!» دېدى.

يەنە بىر نەقىلدە، سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺگە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئېھتىمال سەن <ئەنسارىلار ماڭا ياردەم بىرىش ۋە مېنى قوغداشنى پەقەت مەدىنە ئىچىدىلا مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ> دەپ ئەنسىرەۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن ئەنسارىلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلاي ھەم جاۋاب بىرەي. سەن بىزنى خالىغان يەرگە باشلاپ بارغىن، خالىغان كىشى بىلەن ئەھدى-ئالاقە ئورناتقىن، خالىغان كىشىدىن ئالاقە-رىشتىڭنى ئۈزگىن، مال-دۇنيالىرىمىزدىن ئۆزۈڭ خالاپ ئالغىن، ئۆزۈڭ خالاپ قويۇپ قويغىن، سېنىڭ ئالغىنىڭ بىز ئۈچۈن قويۇپ قويغىنىڭدىن سۆيۈملۈكراقتۇر. ھەربىر ئىشىمىزدا سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا ئەگىشىمىز. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن غەمدانىنىڭ ‹بەرىكە› دېگەن يېرىگە يول ئالساڭ، بىزمۇ چوقۇم سەن بىلەن بىرگە ئاتلىنىمىز ۋە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىزنى مۇشۇ دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭ ئىككىلەنمەستىن كىرىمىز» دېگەن.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە زور ئىلھام بولدى ۋە ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ: «ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، ئۈمىدۋار بولۇڭلار! الله ماڭا ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، گويا مەن شۇ تاپتا مۇشرىكلارنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن» دېدى.[1]

---

[1] ھەيسەمىنىڭ «المجمع» ناملىق كىتابى 6- توم 73- بەت، تەبەرانى «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

# ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لصوت أبي طلحة في الجيش خير من ألف رجل» «قوشۇندا ئەبۇ تەلھەنىڭ ئاۋازى مىڭ كىشىدىن ياخشى».① الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى مۇنداق بولسا، ئۇنىڭ بىلىكى، ئوقياسى، قىلىچى ۋە نەيزىسى قانداقتۇ-ھە!؟

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر غازىتىغا قاتناشقان ھەمدە ئۇ غازاتتا چوڭ تۆھپە قوشقانلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى، ئۇھۇد غازىتى كۈنى ھەم رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن سابىت تۇرغان باھادىرلارنىڭ قاتارىدىن بولغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن قوغدىغان ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇھۇد غازىتى كۈنى ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوق ئاتاتتى. ئەبۇ تەلھە ناھايىتى مەرگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئوق ئاتسا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوقنىڭ نەگە تەگكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايتتى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆكرىكىنى ئۆز قولى بىلەن توسۇپ: <يا رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئوق تېگىپ كەتمىسۇن> دەيتتى».②

ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرەر يەردە بىرگە بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: «جېنىم سەن ئۈچۈن پىدا، يۈزۈم سېنىڭ يۈزۈڭ ئۈچۈن قالقان» دەيتتى.

① ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد توپلىغان، ئەرنەئۇت «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇنەيىن غازىتى كۈنى: «من قتل قتيلا فله سلبه» «كىمكى بىرەر مۇشرىكنى ئۆلتۈرسە، ئۇ مۇشرىكنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ئۆلتۈرگەن كىشىگە مەنسۇپ» دېگەن. ئەبۇ تەلھە شۇ كۈنى 20 مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈپ، شۇلارنىڭ نەرسىلىرىگە ئىگە بولغان ئىدى.[1]

## ﷲ نىڭ يولىدىكى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

مانا بۇ ــــ ﷲ ۋە ﷲ نىڭ رەسۇلىنىڭ يولىدىكى تارىخ بەتلىرىگە نۇرلۇق قۇرلار بىلەن يېزىپ قالدۇرغان سەھىپىلىرىدۇر. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار بەدىر جېڭىدە يۈزمۇ-يۈز تۇرغان ۋاقىتىدا، جەڭ پىلىكىگە تۇنجى قېتىم ئوت ياققان كىشى مۇشرىكلاردىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسەد مەخزۇمى ئىدى. ئۇ ناھايىتى ياۋۇز ۋە بەتقىلىق كىشى ئىدى. ئۇ: «ﷲ قا ئەھدە بېرىمەنكى، چوقۇم ئۇلارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچىمەن ياكى ئۇنى بۇزىۋېتىمەن ياكى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمەن» دەپ مەيدانغا چىقتى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇ مۇشرىك كۆلگە بارماستىنلا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ بىر پاچىقىنى ئۈزۈۋەتتى. ئەسۋەد ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ كېسىلگەن پۇتىدىن قان چاچراپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆل تەرەپكە ئۆمىلەپ كېلىپ ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى لېكىن ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قوغلاپ كېلىپ، كۆلنىڭ ئىچىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

ئۇھۇد غازىتى كۈنى ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، جەڭ قىزىغاندا الله نىڭ يولۋىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭ مەيدانىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، سەپلەرنى يېرىپ، مۇشرىكلارنى قاتتىق ھالسىراتتى. ئۇ كۈنى، ئۇ باتۇرلۇق ئالىمىدىكى ئاجايىپ كۆركەم ۋە باتۇرلۇق ساھەسىدىكى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ماھارىتىنى نامايەندە قىلغان ئىدى. ئۇ يولۋاس كەبى، مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ جان تومۇرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك باھادىرلىقى ئالدىدا مۇشرىكلارنىڭ باتۇر-چەۋەندازلىرىمۇ خۇددى كۈز يوپۇرماقلىرى قاتتىق شامالدا ئۇچقاندەك ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئۇ خۇددى ئوۋغا ئېتىلغان يولۋاس كەبى جەڭ قىلاتتى. ئۇ بەنى ئابدۇددار جەمەتىنىڭ بايراق كۆتۈرگۈچىلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ جانلىرىنى تېنىدىن بىر-بىرلەپ جۇدا قىلاتتى.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەمزە ئۇھۇد غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا <مەن الله نىڭ يولۋىسى> دەپ توۋلاپ تۇرۇپ ئىككى قىلىچى بىلەن جەڭ قىلغان ئىدى».①

## جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

مۇئتە غازىتى كۈنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايراقنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتتى، ئوڭ قولى كېسىلگەندى، سول قولى بىلەن تۇتتى، سول قولىمۇ كېسىلگەندى، تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر بايراقنى

① ئىبنى سەئىد ۋە ھاكىم خاتىرىلىگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

يۇقىرى بىلىكى ۋە كۆكرىكىگە تىرەپ تۇتتى. ئۇ شۇ چاغدا 33 ياشتا ئىدى. كېسىلگەن ئىككى قولىنىڭ ئورنىغا الله تائالا جەننەتتە ئۇنىڭغا خالىغان جايغا ئۇچالايدىغان ئىككى قانات ئاتا قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:«دخلت الجنة البارحة فنظرت فيها فإذا جعفر يطير مع الملائكة و إذا حمزة متكئ على سرير» «مەن تۈنۈگۈن كېچە جەننەتكە كىرگەن ئىدىم، جەننەتتە جەئفەرنىڭ پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى، ھەمزىنىڭ بولسا كارۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رأيت جعفر بن أبي طالب ملكاً يطير في الجنة مع الملائكة بجناحين» «مەن جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن ئىككى قانىتىدا ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم».[2]

## ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

مۇئتە غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 3 مىڭ، كاپىرلارنىڭ سانى 200 مىڭ ئىدى. ساھابىلەر كاپىرلارنىڭ سانىنى بىلگەندە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۈشمەننىڭ سانىنى خەۋەر قىلىپ خەت يازايلى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ قالار ياكى بىزنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ قالار، شۇ بويىچە ئىش قىلارمىز» دېيىشكەندى، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

[1] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«ئى خالايىق! الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر ھازىر ياقتۇرمايۋاتقان نەرسە ئەمەلىيەتتە دەل سىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنى تەلەپ قىلىپ چىققان شاھادەتتۇر. بىز كاپىرلارغا سانىمىز ياكى كۈچىمىز ۋە ياكى كۆپلۈكىمىزگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى الله بىزنى شەرەپلەندۈرگەن مۇشۇ ئۇلۇغ دىنىمىز بىلەن تاقابىل تۇرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن قورقماي ئاتلىنىڭلار، بىز پەقەت غەلىبە ياكى شەھىدلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىمىز» دېدى.

## ئۆلۈم سەللىسى ئورىغان ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «أن رسول اللّٰه ﷺ أخذ سيفا يوم أحد، فقال: ‹من يأخذ مني هذا› فبسطوا أيديهم كل إنسان منهم يقول: أنا أنا... قال: ‹فمن يأخذه بحقه› قال: فأحجم القوم فقال أبو دجانة رضي اللّٰه عنه: أنا آخذه بحقه...،قال: فأخذه ففلق به هام المشركين» «ئۇھۇد غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قولىغا بىر قىلىچنى ئېلىپ: ‹بۇنى مەندىن كىم ئالىدۇ؟› دېگەنىدى، ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى ئۇزىتىپ: ‹مەن، مەن› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بۇنى كىم ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلالايدۇ؟› دېگەنىدى، ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹مەن ئۇنى ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلالايمەن› دېدى ۋە قىلىچنى ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى چاپتى».[1]

## بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

# شىجائىتى

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كم من أشعث أغبر ذي طمرين لا يؤبه له لو أقسم على اللّٰه لأبره منهم البراء بن مالك» «چاچلىرى چۇۋۇق، چىرايلىرىنى توپا باسقان، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەچكە، ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان قانچىلىغان كىشىلەر بار. ئەگەر ئۇلار الله قا قەسەم قىلسا، الله ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ، بەرا ئىبنى مالىك شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر».①

بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شىجائەتتە ئۈلگىلىك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ شىجائىتى ۋە ئۆلۈمگە بولغان قاتتىق ئاشىقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى بىرەر قوشۇنغا قوماندان قىلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇن قوماندانلىرىغا مۇنداق دەپ خەت يازغان: «بەرانى قوشۇنغا قوماندان قىلماڭلار، چۈنكى ئۇ قوشۇننى ھالاكەتكە سۆرەپ بارىدىغان قارام كىشىدۇر».

ھافىز ئىبنى ئابدۇلبەر (رەھىمەھۇللاھ) بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەرجىمھالىدا مۇنداق دېگەن: «بەرا ناھايىتى باتۇر كىشى بولۇپ، ئۇ جەڭلەردە باشقىلار بىلەن بىرگە ئۆلتۈرگەن مۇشرىكلاردىن سىرت، يەكمۇيەك ئېلىشىشنىڭ ئۆزىدىلا 100 مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەن».

ھافىز ئىبنى ئابدۇلبەر (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «يەمامە جېڭىدە مۇسۇلمانلار باغ ئىچىدىكى مۇسەيلىمە كاززابنىڭ ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسەيلىمە كاززابمۇ بار ئىدى. بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى (تامدىن ئاشۇرۇپ) دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تامنىڭ ئارقىسىدىكى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ئىشىكنى مۇسۇلمانلارغا ئېچىۋەتتى، مۇسۇلمانلار باغقا كىردى. مۇسۇلمانلار بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ 80 نەچچە يېرىگە قىلىچ-نەيزە ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، داۋالاش ئۈچۈن ئۇنى ياتىقىغا ئېلىپ باردى». [1]

تۇستەر جېڭىدە مۇسۇلمانلار قىيىنچىلىقتا قېلىپ، يۈرەكلىرى بوغۇزلىرىغا كەپلىشىپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى بەرا! رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا: ‹إنك لو أقسمت على الله لأبرك فاقسم على ربك فقال : أقسمت عليك يا رب لما منحتنا أكتافهم› ‹ئەگەر سەن الله قا قەسەم قىلساڭ، الله تائالا سېنىڭ قەسىمىڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بېرىدۇ› دۈشمەنلەرنىڭ مەغلۇب بولۇشى ئۈچۈن الله قا قەسەم قىلغان بولساڭ!» دېدى. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەببىم! بىزگە دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىنى قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ساڭا قەسەم قىلىمەن» دېدى.

كېيىن ئۇلار سۇس كۆۋرۈكىدە مۇشرىكلار بىلەن ئۇچراشقاندا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا تالاپەت يەتكۈزدى. مۇسۇلمانلار: «ئى بەرا! رەببىڭگە قەسەم قىلغىن» دېدى. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەببىم! بىزگە دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىنى قىلىپ بېرىشىڭنى ھەمدە مېنى پەيغەمبىرىمنىڭ يېنىغا قوشۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىپ ساڭا قەسەم قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئارقىسىنى قىلىپ قاچتى ۋە بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد قىلىندى. [2]

[1] ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ «الاستيعاب» ناملىق كىتابى 1- توم 139- بەت.

[2] ھاكىم توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن.

# اللە نىڭ سۇغۇرۇلغان قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇئتە غازىتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قاتناشقان تۇنجى جەڭ ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇنغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن ئۈچ قوماندان شەھىد قىلىنغاندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايراقنى قولىغا ئېلىپ، اللە نىڭ ئىزنى بىلەن قوشۇننى چوڭ ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

ئىمام زەھەبى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەرجىمھالىدا مۇنداق دەيدۇ: «خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللە نىڭ قىلىچى، ئىسلامنىڭ چەۋەندازى، مۇجاھىدلارنىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى ئىدى. ئۇ مۇئتە غازىتى كۈنى ئۈچ قوماندان شەھىد بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا ئۆزى باش بولۇپ، بايراقنى قولىغا ئېلىپ دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارغا غەلىبە يۈزلەنگەن ھەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى <اللە نىڭ قىلىچى> دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇ مەككە فەتھىسىگە، ھۇنەيىن غازىتىغا، مۇرتەدلەر ۋە مۇسەيلىمە كاززابقا قارشى جەڭلەرگە، ئىراق ۋە شامدىكى جىھادلارغا قاتناشقان ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتىدىن بىر غېرىچ يەرمۇ قالماي شەھىدلىك تامغىلىرى بېسىلغان ئىدى». [1]

خالىد ئىبنى ۋەلىد ئائىلىسىنىڭ ئازاد قىلىنغان قۇلى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «مەن ياخشى كۆرىدىغان قىز ماڭا ھەدىيە قىلىنغان مەلۇم

[1] «سير أعلام النبلاء» 1 ـ توم 384 ـ بەت.

بىر كېچە مەن بىر قوشۇن ئىچىدە بولۇپ، ئەتىسى ئەتىگىنى قاتتىق سوغۇقتا دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان كېچىدىن سۆيۈملۈك ئەمەستۇر». [1]

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆلۈم كەلگەندە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن شەھىدلىكنى جەڭ مەيدانىدىن تەلەپ قىلغانىدىم لېكىن ماڭا كۆرپەم ئۈستىدە ئۆلۈش تەقدىر قىلىنىپتۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە ئىمان كەلتۈرۈشتىن قالسا ئەڭ ئۈمىدلىك ئەمىلىم — يامغۇرلۇق كېچىدە قالقىنىمنى تۇتقان ھالەتتە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇپ، تاڭ ئېتىشنى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەن كېچىدۇر».

## ئەبۇ مىھجەن سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە قادىسىيە جېڭى

ئى سۆيۈملۈك بۇرادەرلەر! ئەبۇ مىھجەن سەقەفى ھەققىدىكى ئازغىنە تارىخي رىسالىگە قۇلاق سېلىڭلار. بۇ شىجائەتلىك چەۋەنداز ئەگەر مەيدانغا چۈشسە ھەقىقىي ئەركەك ۋە باتۇرلۇقنى نامايەن قىلاتتى. لېكىن سىز ئۇنىڭ ھاراققا ئاشىقلىقى بىلەن سىنالغانلىقىنى، شۇ خۇيى بىلەن قادىسىيە جېڭىگە قاتناشقان مۇجاھىد ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز.

ئۇ باتۇرلۇق ۋە ئالىي ھىممەت مەيدانلىرىدا ھاراق ئىچىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن، قوشۇن قوماندانى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ

---

[1] ھەيسەمى ئۆزىنىڭ «المجمع» ناملىق كىتابى 9- توم 350- بەتتە كەلتۈرگەن. ئەبۇ يەئلا ھەم توپلىغان بولۇپ «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جەڭ تۈگىگەنگە قەدەر كىشەنلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ جەڭگە قاتناشماسلىقىغا بۇيرۇق قىلدى چۈنكى جەڭ مەيدانلىرىدا ھەد جازالىرى ئىجرا قىلىنمايتتى. ئەبۇ مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشەنلەپ قويۇلدى. جەڭ باشلاندى، باتۇرلارنىڭ ئاۋازى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، قىلىچ-نەيزىلەر بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشقا، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلدى.[1]

ئەبۇ مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەچ كىرگەندىن كېيىن قەسىرنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كۆزىتىپ تۇرۋاتقان سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۆزىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىنى، رازى بولۇپ كېتىشىنى ھەمدە باغلاقنى بوشىتىپ جەڭگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈندى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇلماي، ئۇنى قايتا سولاقخانىغا قايتۇرۇۋەتتى. ئەبۇ مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشۈپ كەتتى. كېيىن ئۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى سەلما، ئى خەسپە ئائىلىسىنىڭ قىزى! ياخشى ئىش قىلغۇڭ بارمۇ؟» دېدى. سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «قانداق ئىش؟» دېگەنىدى، ئەبۇ مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مېنى باغلاقتىن بوشىتىپ، سەئىدنىڭ ئېتى بەلقانى بېرىپ تۇرسەن. مەن اللە قا ئەھدە بېرىمەنكى، ئەگەر اللە مېنى سالامەت قىلسا، ئۆزۈم قايتىپ كېلىپ كىشەننى ئۆزۈمنىڭ پۇتىغا ئۆزۈم سالىمەن» دېدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى: «مەن بۇ ئىشنى قىلالمايمەن» دېدى. ئەبۇ مىھجەن كىشەننى سۆرىگەن ھالدا شېئىر ئوقۇپ ئارقىغا

[1] مۇھەممەد ھەسساننىڭ «ماذا قدمت لدين الله» ناملىق كىتابى 29 ـ بەت.

قايتتى.

تۇرىمەن باغلاقتا پۈت ـ قولدا كىشەن،
ئات ـ ئۇلاغ زەربىدىن يىقىلار شۇدەم.
قايغۇرماي تۇرارمۇ بۇ ھالنى كۆرگەن،
تۇراي دەس دېسەم گەر قىينايدۇ كىشەن.

قۇلاقلار گاس ئىدى ئىشىك تاقىلداپ،
دوست ـ يارەن كۆپ ئىدى، مال ـ بىسات قايناق.
ئاھ بۈگۈن ھەممىسى كەتتى يىراقلاپ،
يادىڭغۇ جىسمىمنى قىينىدى كىشەن.

يۈرىمەن قۇتۇلماق بوپ ئامال ئىزدەپ،
چىقمايدۇ ئۈشبۇ كۈن يادىمدىن پەقەت.
ئائىلەم، دوستلىرىم كەلمىدى پەقەت،
چەكلەندىم جەڭگاھتىن جىسمىمدا كىشەن.

چەكلەندىم جەڭگاھتىن جەڭ داۋام ئەتكەن،
باشقىلار دىن ئۈچۈن ھىممەت كۆرسەتكەن.
ئاللاھقا بۇزماسقا ئەھدە بېرىمەن،
قاۋاقتا بارمايمەن چېقىلسا كىشەن.

سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەسىرلىنىپ: «مەن اللّٰه قا ئىستىخارە سالدىم ۋە سېنىڭ ئەھدەڭدىن مەمنۇن بولدۇم» دېدى ـ دە، ئۇنى كىشەندىن بوشىتىۋەتتى. «لېكىن مەن ئاتنى ئارىيەت بېرىپ تۇرالمايمەن» دېگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەبۇ مىھجەن

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىتنى يېتىلەپ قەسىرنىڭ خەندەك تەرىپىدىكى ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپلا ئاتقا مىندى ۋە ئۆزىنىڭ قەبىلىسى (بەنى سەقىف) تەرەپكە بېرىپ تەكبىر توۋلىغان ھالەتتە پارس قوشۇنىنىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ نەيزە-قىلىچىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. ئاندىن قايتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ تەكبىر توۋلاپ، پارس قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ نەيزە-قىلىچىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. ئاندىن يەنە قايتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن پارس قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىنى يېرىپ پارسلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ نەيزە-قىلىچلىرىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. بۇ كېچە ئۇ مەجۇسىيلارغا قاتتىق تالاپەت يەتكۈزدى. ئۇ بىرەر ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇمۇرتقىسىنى ئۇندەك قىلىۋېتەتتى. كىشىلەر قاتتىق ھەيرانلىقتا ئۇنى تونۇيالماي قالدى. ئۇ ئېھتىمال يۈزىنى يۆگىۋالغان بولسا كېرەك، ئەگەر ئۇنىڭ يۈزى ئوچۇق بولغان بولسا كىشىلەر ئۇنى تونۇۋالاتتى ئەمما ئۇنى ھېچكىم كۈندۈزدە كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدىمۇ قەسىر ئۈستىدىن پەسكە قاراۋېتىپ: «ئاۋۇ ئاتلىق كىشى كىم؟ بۇ ئاتنىڭ يۈتىنى كۆتۈرۈشى ئىتىم بەلقانىڭ يۈتىنى كۆتۈرۈشىگە ئوخشاشقۇ!؟ بۇ ئاتلىقنىڭ زەربە بېرىشى ئەبۇ مىھجەننىڭ نەيزە-قىلىچ بىلەن زەربە بېرىشىگە ئوخشاشقۇ!؟ ئەبۇ مىھجەن كىشەندە باغلاقلىق تۇرسا. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەبۇ مىھجەن كىشەنلەنگەن بولمىسا ئىدى، بۇ

ئاتلىقنى ئەبۇ مىهجەن دېگەن بولاتتىم، ئاتنى بولسا ئېتىم بەلقا دېگەن بولاتتىم» دېدى. كىشىلەرنىڭ بەزىسى: «پەرىشتىلەر بىۋاسىتە جەڭگە قاتنىشىدىغان بولسا ئىدى، <پەرىشتىلەر بىزنى سابىت قەدەم تۇرغۇزغىلى كەپتۇ> دېگەن بولاتتۇق» دېيىشتى. كىشىلەر ئەبۇ مىهجەننى تىلغا ئېلىپ قويمىدى ۋە ئۇنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمىدى چۈنكى ئۇلار ئۇنى سولاقتا دەپ بىلەتتى.

كېچە يېرىم بولغاندا پارسلار قورغانلىرىغا كىرىۋالدى، مۇسۇلمانلارمۇ قايتىپ كېلىشتى. ئەبۇ مىهجەن رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۆزىنىڭ چىققان يېرىگە تېزلىكتە قايتىپ كېلىپ، ئاتنى جايىغا قويۇپ، ئۆزىمۇ ھەم سولاقخانىغا كىرىپ، ئىككى پۇتىغا كىشەننى سالدى.

ئەتىسى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنها سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆزى بىلەن ئەبۇ مىهجەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمۇ ئەبۇ مىهجەننى چاقىرىپ ئۇنى كەچۈرۈپ كىشەننى بوشىتىۋەتتى.[1]

## مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقىنى قۇچاقلىغان هالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ

مانا بۇ — الله تائالا يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ جىهادقا چىقماسلىققا رۇخسەت قىلىپ ئايەت نازىل قىلغان لېكىن الله يولىدىكى جىهادقا چىقماسلىققا

[1] ئەهمەد ئادىل كامالنىڭ «القادسية» ناملىق كىتابى 159 ـ ۋە 160 ـ بەتلەر.

كۆڭلى ئۇنىماي، جىھادتا ئۆزىگە مۇناسىپ ئىشنى قىلىشتىن ئاجىز كەلمىگەن يۇقىرى ھىممەت ئىگىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇ غازاتلاردا: «بايراقنى ماڭا تۇتقۇزۇپ ئىككى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، كۆزۈم كۆرمەيدۇ، شۇڭا قېچىپمۇ كېتەلمەيمەن» دەيتتى.①

ھىجرىيىنىڭ 14 ـ يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارسلارنىڭ دۆلىتى ۋە سەلتەنىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭنى قىلىش ئۈچۈن كەسكىن نىيەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋالىيلىرىغا: «قورالى، ئېتى ياكى دانا پىكرى بار بىرمۇ ئادەمنى قالدۇرماي، ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دەپ خەت ئەۋەتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان مۇسۇلمانلار مەدىنىگە تۆركۈملەپ ھەر تەرەپتىن سەلدەك كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە توغما ئەما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. ئۆمەر فارۇق بۇ چوڭ قوشۇنغا سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى نۇرغۇن ۋەسىيەتلەر بىلەن جەڭگە ئۇزاتتى.

قوشۇن قادىسىيەگە كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆمۈر ساۋۇتلارنى كىيىپ، تولۇق قوراللىنىپ، مۇسۇلمانلار بايرىقىنى قوغداش ياكى شۇ يولدا شەھىد بولۇشقا ئۆزىنى ئاتاپ مەيدانغا چىقتى.

ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ ئۈچ كۈنگىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن

① ئىبنى سەئىد خاتىرىلىگەن، 4 ـ توم 1 ـ باب 154 ـ بەت.

دەرىجىدە ناھايىتى كەسكىن ۋە شىددەت بىلەن جەڭ قىلدى. ئىككى تەرەپ شۇنداق كەسكىن جەڭ قىلدىكى، ئىسلامنىڭ فەتىھ تارىخلىرى بۇنداق جەڭلەرنىڭ ئوخشىشىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى مۇسۇلمانلارغا الله نىڭ كۈچلۈك ياردىمى چۈشۈپ، ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە ئاغدۇرۇلۇپ، دۇنيا خاندانلىقلىرىنى بېسىپ ياتقان بۇ ئىمپېرىيە يوق قىلىندى، بۇددىستلارنىڭ دۆلىتىدە تەۋھىد بايرىقى لەپىلدىدى. بۇ جەرياندا يۈزلىگەن مۇجاھىدلار شەھىد بولدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تەۋھىد بايرىقىنى قۇچاقلىغان ۋە قانغا مىلىنىپ ياتقان ھالىتىدە ئەنە شۇ شەھىدلەر ئىچىدىن تېپىلدى.[①]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم قادىسىيە كۈنى ناھايىتى مۇستەھكەم ساۋۇت كىيىپ جەڭگە قاتناشقان ئىدى».[②]

زەھەبى مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قادىسىيە كۈنى شەھىد بولغان دەپ قارايتتى».[③]

## ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈمگە بەيئەت ئالدۇ

يەرمۇك غازىتى كۈنى ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل ۋە قائىقائ ئىبنى ئەمىرنىڭ جەڭنى باشلىشى ئۈچۈن خالىد ئىبنى ۋەلىد

[①] «صور من حياة الصحابة» 156_، 157 _ بەتلەردىن ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ نەقىل قىلىندى.

[②] ئىبنى سەئىد خاتىرىلىگەن، 4_ توم 1_ باب 154_ بەت.

[③] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 1_ توم 365_ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن ئۇ ئىككىيلەن شىپىر ئوقۇغاچ ئالدىراپ دۈشمەنگە ئادەم تەلەپ قىلدى، قەھرىمانلار چۇشۇپ ئۆزئارا تۇتۇشتى، جەڭ قاتتىق ئەۋجىگە چىققاندا ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇمغا خىتاب قىلىپ: «مەن (ئىلگىرى) ھەممە يەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى ئۇرۇش قىلغانىدىم، بۈگۈن سىلەردىن قاچامدىم!؟ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس» دېدى، ئاندىن: «كىم ماڭا ئۆلۈمگە بەيئەت قىلىدۇ؟» دېگەنىدى، 400 باھادىر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى.

بەيئەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ تاغىسى ھارىس ئىبنى ھىشام ۋە زىرار ئىبنى ئەزۋەر قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چېدىرى ئالدىدا قاتتىق شىددەت بىلەن جەڭ قىلدى، ھەتتا ھەممىسى ياردار بولۇپ يىقىلدى. ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياردار ھالەتتە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىنى يوتىسىغا ۋە ئەمر ئىبنى ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىنى پاچىقىغا قويۇپ ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاشقا باشلىدى ۋە ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتتى.

يەرمۇك شەھىدى ئىكرىمەدىن الله رازى بولسۇن. ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) ئۇ ھەققىدە: «ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئىدى دېيىلگەن» دېگەن.[①]

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ): «ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

① «البداية والنهاية» 7-توم 11- ۋە 35- بەتلەر، «تاريخ الطبرى» 3- توم 401- بەت.

ئىسلامدىكى باتۇرلۇقى مەدھىيىلەشكە لايىق كىشى ئىدى، الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن» دېگەن.

ئەبۇ ئىسهاق سەبىيئى (رەھىمەھۇللاھ): «ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرمۇك كۈنى قاتتىق شىجائەت بىلەن جەڭ قىلىپ شەھىد بولدى. ئۇنىڭ بەدىنىدە نەيزە-قىلىچ، ئوقيالار يارىلاندۇرغان 70 نەچچە جاراھەت ئىغىزى بار ئىدى» دېگەن.[1]

ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشى ۋە الله نىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىشى ئۈچۈن، الله قا بولغان ئىتائەت، قۇربانلىق، پىداكارلىق، خەير-ئېھساندىن ئىبارەت سەھىپىنى ئۆزىدە هازىرلىشى ۋاجىبتۇر.

شەرەپلىك زېمىنلاردا ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قانلىرى ئاققان، قانلىرى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا بولغان مۇھەببەتكە بىرلەشكەن شۇنداقلا قانلىرى الله نىڭ دىنىنىڭ نۇسرىتىگە ئىشتىياق باغلىغان ئىكرىمەدىن الله رازى بولسۇن!

## مىڭ چەۋەندازغا تېتىيدىغان تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇنىڭ شىجائىتى ۋە باتۇرلۇقى 1000 چەۋەندازغا باراۋەر كېلەتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى.

بۇ ئۇلۇغ ساھابە بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، كېيىن مۇرتەد بولۇپ نەجدىدە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان. كېيىن يەنە قايتىدىن مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرغان. ئۇ قادىسىيە ۋە نەھاۋەند جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ

[1] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 1- توم 324- بەت.

ئەنھۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «تۇلەيھەگە جەڭ ئىشلىرىدا مەسلىھەت سال ئەمما ئۇنى بىر ئىشقا مەسئۇل قىلما» دەپ خەت يازغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ شىجائىتى ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن مىڭ چەۋەندازغا تېتىيالايتتى.

ئۇ نەھاۋەند غازىتى كۈنى ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسىتىپ شەھىد قىلىندى، الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!».[1]

## ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئەركەك

تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قادىسىيە كۈنلىرىدىن بىرى بولغان ئەماس غازىتى كۈنىدە ئىنتايىن كۈچلۈك شىجائەت كۆرسەتتى. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمىغان ھالدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، ئۇ يالغۇز 1000 چەۋەندازغا تېتىيتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز پارس قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ، مەردۇم كۆۋرۈكى تەرەپتىكى ئەتىيقىنىڭ كەينى تەرىپىدىن كېلىپ پارس قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۈچ قېتىم تەكبىر توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان پارس قوشۇنى قاتتىق چۆچۈپ، «مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئارقا تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ قېلىشتى. ھەتتا مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشىپ ھەتتا بىر-بىرىنى جەڭدىن چەكلەپمۇ قويدى.

تەكبىر توۋلاپ پارسلارنى چۆچۈتكەن ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن: «سىلەرنى بىئارام قىلىدىغان ئىش تېخى تۈگەپ قالغىنى يوق!» دەپ خىتاب قىلالىغان بۇ ئەركەكنى مەيدانغا چىقارغان الله تائالاغا

[1] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 316- ۋە 317- بەتلەر.

ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

## كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان شىجائەت، خىياللارنىمۇ ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرىدىغان قىسسە

زور قوشۇنغا تېتىيدىغان تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قادىسىيە جېڭىدىن بۇرۇن نېمە قىلغانلىقىغا قاراڭ!

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۈشمەنلەردىن بىر ئادەمنى تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەسەدى، ئەمر ئىبنى مەئدى ۋە كەرۇبە زۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ھېچقانداق ئەسكىرىي كۈچ بەرمەي خۇددى تەكشۈرۈش ئەترىتىدەكلا يولغا سالدى شۇنداقلا تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يالغۇز رۇستەمنىڭ ئەسكىرىي بارگاھىغا، ئەمر ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بولسا بەش كىشى بىلەن جالىنوسنىڭ ئەسكىرىي بارگاھىغا ئەۋەتتى.

تۇلەيھە ۋە ئەمر ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار قادىسىيە كۆۋرۈكىدىن بىر پەرسەخ (7 كىلومېتىر ئەتراپىدا) ئۆتمەيلا نۇرغۇنلىغان ئاتلىق مەجۇسىيلارنىڭ قوراللىق ھالەتتە ئىراق يېزىلىرىدىكى بىر ئېگىزلىككە توپلاشقان ھالەتتە ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلاردىن بەزىلىرى: «ئەمىرنىڭ يېنىغا قايتايلى، ئۇ بىزنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ دۈشمەننى نەجەب (ئىراق ئېگىزلىكىنىڭ ئارقا تەرىپى)دە دەپ ئويلاپ قېلىپ ئەۋەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى خەۋەر قىلايلى» دېدى؛ يەنە بەزىلىرى: «دۈشمەن بىزنى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن قايتايلى» دېگەندى، ئەمر ئىبنى مەئدى: «توغرا ئېيتتىڭلار» دېدى. تۇلەيھە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا: «ياق، سىلەر دۈشمەنلەرنىڭ ھەرىكەتلەنگەن ياكى ھەرىكەتلەنمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خەۋرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىڭلار» دېدى. ئۇلار: «سەن نېمە دېمەكچى؟» دېگەندە، تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن دۈشمەنگە جېنىمنى تىكىشنى ياكى شۇ يولدا ئۆلتۈرۈلۈشنى قارار قىلدىم» دېدى. ئۇلار: «سەندە خىيانەت ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسەن، بىز بىلەن قايتىپ كەت» دېدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ ناھايىتى شىجائەت بىلەن رۇستەمنىڭ ھەربىي لاگېرىنى كۆزلەپ ئۇلاردىن ئايرىلدى.[①]

تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇستەمنىڭ ئەسكىرىنىڭ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن باشقا يەنە شۇنىڭ باراۋېرىدە خىزمەتچى ۋە خاس قوغدىغۇچىلىرىمۇ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەمر ئىبنى مەئدىدىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز ھالدا رۇستەمنىڭ ئەسكىرىي بازىسىنىڭ ئىچكى تەرەپلىرىگە كىرىشكە باشلىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى، شىجائىتى ۋە جۈرئىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆستەڭلەردە ئېقىۋاتقان سۇغا قارشى مېڭىپ، ئايدىڭ كېچىدە رۇستەمنىڭ قارارگاھىغا كىردى ۋە ئۇ يەردە كېچىچە پايلاپ تۇردى. ئۇ ئاتنى خۇددى ئاتخۇمارنىڭ ئاتقا ئاشىق بولغىنىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ رۇستەمنىڭ ئاتلىرى ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان ئالىي سورتلۇق بىر ئاتنى ۋە ئاجايىپ بىر ئاق چېدىرنى كۆردى، ئاندىن ئۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى كېسىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىگە باغلىدى ـ دە،

---

[①] «تاريخ الطبرى» 3 ـ توم 512 ـ ۋە 513 ـ بەتلەر.

مۇسۇلمانلار تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇردى.

پارسلار بۇنى سېزىپ قېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇلاردىن ئاتلىق بىرى تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىشىۋالغانىدى، تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ھەيدەپ ماڭدى. ئاندىن يەنە بىر ئاتلىق يېتىشىۋالغانىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ قوشۇپ ھەيدەپ ماڭدى. كېيىن ئۈچىنچى ئاتلىق يېتىشىۋالغانىدى، تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنى ئەسىر بولۇشقا چاقىرغانىدى، ئۇ كۆندى. تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى.

تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرىي بارگاھىغىمۇ يېقىنلاپ قالغان ئىدى. تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنى ئالدىدا يۈگۈرۈپ مېڭىشقا بۇيرۇق قىلغان ئىدى، ئۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ ماڭدى. تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەيزە بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيدەپ مېڭىۋاتاتتى. پارس قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئىككى چەۋەندازنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۈچىنچىسىنىڭ تۇلەيھەگە تەسلىم بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرىي بارگاھىغا خېلىلا بەك يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە كەلگەن يولى بويىچە قايتىپ كەتتى. تۇلەيھە ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىدا غەنىيمەت ئالغان ئاتلارنى يېتىلەپ، ئەسىرنى ئالدىدا يۈگۈرتۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرىي بارگاھىغا يېتىپ كەلدى، مۇسۇلمانلار ئۇنى تونۇپ كىرگۈزدى. ئۇ

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ھەي، ئارقاڭدىكى نېمە؟» دېگەنىدى، تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كېچىدىن بېرى ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي قارارگاھىغا كىرىپ تىك ـ تىڭلاپ، ئېتىنىڭ ئەڭ ئېسىل بەلگە سېلىنغىنىنى ئېلىپ چىقتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلغان ياكى خاتا قىلغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، بولغان ئىشلار مانا مۇشۇ» دېدى.

## مەن بۇنىڭدەك باتۇرنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارسلىق ئەسىر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلىش ئۇچۇن تەرجىمان تېپىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى. ھېلىقى پارس ئەسىر: «راست گەپ قىلسام مېنىڭ قېنىمغا ئەمىنلىك بېرەمسەن؟» دېگەنىدى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە، ئۇرۇشتىكى راستچىللىق مەن ئۇچۇن يالغانچىلىقتىن سۆيۈملۈكتۇر» دېدى. ھېلىقى پارسلىق ئەسىر: «سىلەرگە بىز تەرەپتىكىلەردىن خەۋەر بېرىشتىن ئىلگىرى سىلەرنىڭ بۇ باتۇرۇڭلار (يەنى تۇلەيھە) ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي» دېدى ۋە سۆزىنى باشلاپ: «مەن ھاياتىمدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتىم، نۇرغۇن پالۋانلارنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم ئەمما مەن بۇنىڭدەك كىشىنى قەتئىي كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇ، ھەر بىرى بەش ـ ئون كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان 70 مىڭ دانە ئەسكىرى بولغان، نى ـ نى پالۋانلارمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەسكىرىي گازارمىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ھەمدە تاكى پارس قوماندانىنىڭ ئېتىنى ھەيدەپ ماڭمىغۇچە بولدى

قىلمىدى. ئاندىن بىز ئۇنى كەينىدىن قوغلاپ يېتىشتۇق، بىرىنچى ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى، ئۇ ئارىمىزدا مىڭ ئاتلىققا باراۋەر كېلىدىغان چەۋەنداز ئىدى، تۇلەيهە ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ئىككىنچى ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى، ئۇنىڭ شىجائىتىمۇ بىرىنچىسىدىن قېلىشمايتتى لېكىن تۇلەيهە ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. كېيىن مەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدىم، مەن ئۆزۈمنى <پارس ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە شىجائەتتە ھېچكىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ> دەپ ئويلايتتىم لېكىن مەن ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئەسىرلىككە چۈشۈشكە رازى بولدۇم» دېدى. ئاندىن ئۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پارسلارنىڭ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىكەنلىكىنى ۋە يەنە شۇنىڭ باراۋېرىدە خىزمەتچىلەر بارلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە ئىسلامغا قىزىقىپ ئۆزىنىڭ خالىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. سەئىد ئۇنىڭغا مۇسلىم دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى.

ئۇ قادىسىيە جېڭى ۋە باشقا جەڭلەردە ئەڭ ئېغىر سىنالغانلار قاتارىدىن ئىدى. ئۇنىڭ پارس زېمىنىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە 1000 چەۋەندازغا تېتىيالايدىغان ئارتۇقچىلىقىدىن مۇسۇلمانلار ناھايىتى ياخشى پايدىلارغا ئېرىشكەن ئىدى.[1]

## ئەبۇ غادىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تال ئوق بىلەن 300 رۇم ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۇ

مانا بۇ ــ پارلاق سەھىپىلەرنى تارىخ بەتلىرىگە نۇرانە رەڭلەر

[1] «القادسية لبشاميل» 562 ـ ۋە 563 ـ بەتلەر.

بىلەن يازغان ئەبۇ غادىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ئىمام زەھەبى (رەھىمەھۇللاھ) ئۇ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: [ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ يارامىلىقلىرىدىن ۋە شام ئەھلىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن بولۇپ، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە ھەم قاتناشقان دېيىلەتتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر تال ئوق بىلەن 300 رۇم ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋەقەگە قۇلاق سېلىڭ:

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاتىكە بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا ماي (يەنى كۆيدۈرىدىغان ماي) ئېتىشقا باشلىدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئۇلار قانداق قىلغان بولسا سىلەرمۇ شۇنى قىلىڭلار> دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە كۆيدۈرىدىغان ماي ئېتىشىپ كەتتى.

بىر رۇم ئەسكىرى ئەبۇ غادىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرۇۋاتقان كېمىگە مىس قازاندا ماي ئېتىشقا تەييارلانغان ئىدى، ئەبۇ غادىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بىر پاي ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىچىدە ماي بار ئۇ مىس قازان رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ كېمىسىدە ئۆرۈلۈپ كېمىدىكىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. كېمىدىكىلەر 300 ئادەم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن <ئەبۇ غادىيە بىر پاي ئوق بىلەن 300 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن> دېيىلدى»].[1]

## مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوئىلدا 100 ئادەمنى ئۆلتۈردى

تۇستەر قەلئەسى مۇھاسىرىسى ھەققىدە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ:

[1] «سير أعلام النبلاء» 2- توم 545- بەت.

«ھىجرىيىنىڭ 17 ـ يىلى مۇھاسىرە باشلانغاندىن باشلاپ تاكى الله تائالا مۇسۇلمانلارغا تۇستەرنى فەتىھ قىلىپ بەرگەنگە قەدەر بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭدە ئۆلتۈرگەن كاپىرلاردىن سىرت يەنە 100 كاپىرنى يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىشتا ئۆلتۈرگەن ئىدى. مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىشتا 100 كاپىرنى ئۆلتۈرگەن، الله تائالا تۇستەر شەھىرىنىڭ فەتىھ بولۇشىغا ئاساسلىق سەۋەب قىلغان باتۇرلاردىن ئىدى. تۇستەر شەھىرىدىكىلەر مۇسۇلمانلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھەر ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن تۇستەر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئويلايتتى. ئەنە شۇ پەيتلەردە، پارسلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەگەر سەن ماڭا ئامانلىق بەرسەڭ شەھەرگە كىرىدىغان مەخپىي ئېغىزنى كۆرسىتىپ قويىمەن» دېدى. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇ كىشى بىلەن بىللە بېرىپ، شۇ سۇ يولىنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى ھەمدە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن باتۇر، چىداملىق ۋە سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئادەمدىن 300 نى تاللاپ، مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلارغا ئەمىر قىلىپ كۆپلىگەن نەسىھەتلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويىدى ۋە تەكبىر ئاۋازىنى مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرگە بېسىپ كىرىشىنىڭ بەلگىسى قىلدى.

مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قول ئاستىدىكى بۇ ئادەملەرگە سۇ ئۈزۈشتە يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەكلەرنى يەڭگىل كىيىشكە، قىلىچىدىن باشقا قورال ئالماسلىققا بۇيرۇپ، ئەل ياتقۇ ۋاقىت بىلەن يولغا چىقتى.

مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى خەتەرلىك تونىل بىلەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئېلىشىپ يول يۈردى، بەزىدە سۇ ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كەلسە، بەزىدە ئۇلار سۇ ئۈستىدىن غالىب كىلەتتى. ئۇلار شەھەرگە تۇتىشىدىغان تونىلغا يىتىپ كەلگەندە مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئادەملىرىدىن 220 ئادەمنى سۇ يۇتۇپ كىتىپ، پەقەتلا 80 ئادەمنىڭ قېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ تاپىنى شەھەر زېمىنىغا دەسسە ـ دەسسىمەيلا ئۇلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، سىپىل دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن دەرۋازىنى تەكبىر ئېيتقان ھالدا ئاچتى، ئۇلارنىڭ تەكبىرى سىرتتىكىلەرنىڭ تەكبىرى بىلەن بىرلەشتى ـ دە، مۇسۇلمانلار بامدات ناماز ۋاقتىدا شەھەرگە بۆسۈپ كىردى. ئۇلار بىلەن الله نىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ تۈگىمىنى شىددەت بىلەن ئايلانماقتا ئىدى. جەڭ تارىخشۇناسلىرى بۇ جەڭگە <شىددىتى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى جەھەتتىن تارىختا بۇنداق جەڭ بولمىغان> دەپ باھا بىرىشكەن.

شىددەتلىك جەڭ بولۇۋاتقاندا مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھورمۇزاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بىراق جەڭ قاينىمى تۇيۇقسىزلا ھورمۇزاننى يۇتۇپ كەتتى ـ دە، بىر ئاز ئۆتتۈپ يەنە پەيدا بولدى. ئىككىيلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىتىپ قىلىچ ئۇرغان ئىدى، مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېلىچى قېيىپ كىتىپ ھورمۇزاننىڭ قىلىچى مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىگە چىپىلدى.

باتۇر ۋە قەيسەر مەجزەئە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله

تائالانىڭ ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلغانلىقىغا خۇرسەن بولغان ھالىتىدە جەڭ مەيدانىدا يىقىلدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى بولسا باتۇرلۇق بىلەن جەڭنى داۋام قىلىپ، ئاخىرى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى ۋە ھورمۇزاننى ئەسىرگە ئالدى.[1]

## ئاياللار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تۇغۇپ باقمىغان ــــ بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەلا ئىبنى سۇفيان ھەزرەمىي نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇمغا قارشى قىلىنغان غازاتقا قاتناشتى. رۇم چېرىكلىرى مۇجاھىدلارغا پىستىرما قويۇپ، ئۇلارغا تالاپەت يەتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈز ھەمراھىنى ئېلىپ رۇملۇقلارنىڭ پىستىرمىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ماڭدى.

بىر كۈنى ئۇ رۇمنىڭ بەزى جىلغىلىرىنى ئۆزى يالغۇز كۆزىتىۋېتىپ بىر ۋادىدا چېركاۋ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا 30 تۇياق باغلاغلىق ئاتنى ئۇچراتتى. بۇ ئاتلارنىڭ ئىگىلىرى چېركاۋ ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا پىستىرما قويىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چېركاۋ تەرەپكە كەلدى ۋە ئېتىنى ئۇ ئاتلارنىڭ يېنىغا باغلىدى. ئاندىن چېركاۋغا كىرىپ ئۆزى ۋە چېرىكلەرنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چېركاۋنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتتى. رۇم چېرىكلىرى ئىشىكنىڭ تاقالغانلىقىدىن

[1] «صور من حياة الصحابة» 164 ـ بەتتىن 166 ـ بەتكىچە.

ھەيران قىلىپ، قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۈچ كىشىنى يەر چىشلەتتى ۋە قالغانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى.

بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىنى تونۇدى ھەمدە چېركاۋ ئىچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە قورال ئاۋازىنى ئاڭلاپ چېركاۋ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ قارىسا ئىشىك ئىچىدىن تاقاق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆگزىنىڭ بىر قىسمىنى بۇزۇپ ئېچىپ، چېركاۋنىڭ ئىچىگە چۈشتى ۋە ئۆز قوماندانى بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سول قولى بىلەن ئۈچەيلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىدا قىلىچ بىلەن بىر توپ كىشىلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاندىن بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇشسىزلىنىپ يىقىلدى. مۇسۇلمانلار رۇم چېرىكلىرى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئەسىر ئالدى. رۇم ئەسىرلىرى مۇسۇلمانلارغا: ‹الله بىلەن قەسەمكى، بىزگە يالغۇز ھۇجۇم قىلغان بۇ كىشى كىم؟›دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: ‹بۇ بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ› دېدى. ئۇلار: ‹الله بىلەن قەسەمكى، ئاياللار بۇنىڭدەك بىرىنى تېخى تۇغۇپ باقمىدى› دېيىشتى.

ھەمراھلار ئۇنىڭ ئۈچەيلىرىنى ئىچىگە قايتۇرۇپ سالدى، ئۇنىڭ ئۈچىيىنىڭ ھېچبىر يېرى زەخىملەنمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ قورسىقىنى سەللىلىرى بىلەن تېڭىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ قورسىقىنى تىكىپ قويدى. كېيىن ئۇ تولۇق ساقىيىپ كەتتى ۋە جىھادىنى داۋاملاشتۇردى. الله ئۇنىڭدىن رازى

بولسۇن!»[1]

## شۇنداق بىر مۇسۇلمان ئايال بولغان ئىدى

شىجائەت پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەر ساھابىلىرىنىڭلا سۈپىتى بولماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان ئايال ساھابىلەرنىڭمۇ سۈپىتى ئىدى. تۆۋەندە بىز سىلەرگە بۇ ھەقتە قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان بىرلا مىسالنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئېرى ۋە ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە ھۇبەيىبلەردىن ئىبارەت مۇئمىن ئائىلە كىشىلىرى الله يولىدىكى جىھادقا چىققان ئىدى.

ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا سۇ توشۇش، يارىدارلارنى تېڭىش ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتاتتى لېكىن جەڭ شارائىتى ئۇنى مۇشرىكلار بىلەن روبىرو تۇرۇشقا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداپ باتۇرلارچە قورقماي جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلاپ قويىدى. چۈنكى كىشىلەر ئۇ كۈندىكى ئېغىرچىلىق تۈپەيلىدىن تاراپ كېتىشكەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆز جېنى بىلەن قوغداپ، قولىغا قىلىچ ۋە قالقان ئالدى.[2]

ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جەڭگە قاتناشتى، ئۇ بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ئىبنى قەمئەنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىبنى قەمئە ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىر قىلىچ ئۇرۇپ جاراھەت ئېغىرى ئېچىپ قويىدى. ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئۇنىڭغا بىر نەچچە قىلىچ ئۇردى بىراق ئىبنى قەمئەنىڭ ئۇستىدە ئىككى قات ساۋۇت بولغاچقا

---

[1] «مشارع الأشواق» 1 ـ توم 541 ـ بەت.

[2] «نساء مبشرات بالجنة» 65 ـ بەت.

ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى، ئۇممۇ ئەمماره رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇ ھالەتتە ھەم جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپ 12 يېرى يارىلاندى.[1]

## مۇئاز ئىبنى ئەمىر ۋە مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ شىجائىتى

ساھابىلەردىكى شىجائەت پەقەت چوڭلاردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىچىك ياشلارنىڭ قەلبىدىنمۇ ئورۇن ئالغان ئىدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «إني لفي الصف يوم بدر إذ التفت فإذا عن يميني وعن يساري فتيان حديثا السن فكأني لم آمن بمكانهما إذ قال لي أحدهما سرا من صاحبه يا عم أرني أبا جهل فقلت يا ابن أخي وما تصنع به ؟ أخبرت أنه يسب رسول الله ﷺ، والذي نفسي بيده، لئن رأيته لا يفارق سوادي سواده حتى يموت الأعجل منا، فتعجبت لذلك،قال وغمزني الآخر، فقال لي مثلها، فلم أنشب أن نظرت إلى أبي جهل يجول في الناس، فقلت: ألا تريان؟ إن هذا صاحبكما الذي سألتماني، فابتدراه بسيفيهما، فضرباه حتى قتلاه، ثم انصرفا إلى رسول الله ﷺ،فأخبراه فقال: «أيكما قتله؟»، فقال كل واحد منهما: أنا قتلته، قال: «هل مسحتما سيفيكما؟»، فقالا: لا، فنظر في السيفين، فقال: «كلاكما قتله، وقضى سلبه لمعاذ بن عمرو بن الجموح»، وكانا معوذ ابن عفراء، ومعاذ بن عمرو بن الجموح» «مەن بەدر غازىتىدا سەپكە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى يېنىمغا قارىسام كىچىك ئىككى ئەنسارى يىگىتنىڭ تۇرۇپ قاپتىمەن. بۇنى كۆرۈپ: <كاشكى، بۇلاردىن قاۋۇلراق كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسامچۇ؟!> دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ بىرى مېنى نوقۇپ تۇرۇپ:

[1] «البداية والنهاية» 4 ـ توم 38 ـ بەت.

ــــ ئى تاغا، ئەبۇ جەھلنى تونۇمسىز؟ ـــ دەپ سورىدى. مەن:
ــــ ھەئە، تونۇيمەن. ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ ـــ دېدىم. ئۇ يىگىت:
ــــ مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە نۇرغۇن تىل ـ ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئەجىلى توشمىغۇچە ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن، ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭ جاسارىتىگە ھەيران بولۇپ تۇرسام، يەنە بىرىمۇ مېنى نوقۇپ ئوخشاش گەپ قىلدى.
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ جەھلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:
ــــ سىلەر سورىغان ئادەم ئاشۇ شۇ، ـــ دەپ كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار دەرھال قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەبۇ جەھلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:
ــــ قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئىككىلىسى:
ــــ مەن ئۆلتۈردۇم، ـــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:
ــــ قىلىچىڭلارنىڭ قېنىنى سۈرتۈۋەتتىڭلارمۇ؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:
ــــ ياق، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ:
ــــ ئۇنى ھەر ئىككىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر. ئەمما ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھنىڭ بولسۇن! ـــ دېدى. بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بىرى مۇئاز ئىبنى ئەفرائ، يەنە بىرى مۇئاز

ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ ئىدى». [1]

شۇنىڭدەك، بىز بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ تۈگىمىنى ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ۋە جىھاد مەيدانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەي شىجائەتلىك بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ئۆز ھاياتىنى اللە نىڭ يولىدىكى تىجارەت (جىھاد)قا ئاتىغان، تانكا ـ زەمبىرەكلەر ئالدىدا تاشلار بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقان پەلەستىن ياشلىرى ۋە كىچىك باللارنىڭ نۇرلۇق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز.

اللە ئەززە ۋەجەللىدىن مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ شەرىئىتىگە ۋە ئۆز رەسۇلىنىڭ سۈننىتىگە قايتۇرۇشىنى سورايمىز. شۈبھىسىزكى، اللە بىزلەرنىڭ ئىگىمىز ۋە ھەممىگە قادىر زاتتۇر!

اللە تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنىچ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قۇۋۋەت ۋە شجائەت